3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، جۇڭگوچە خاسلىققا، جۇڭگوچە سالاپەتكە ئىگە ئارخېئولوگىيە ئىلمى بەرپا قىلىپ، ئۇزاق تارىختا ئىگە، مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆتمۈشنى جانلىق بايان قىلىپلا قالماي، يەنە ھازىر ۋە كەلگۈسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ بىزگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ مەنسۇپ. تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياخشى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىش تارىخقا مەسئۇل بولغانلىق، خەلققە مەسئۇل بولغانلىق. بىز ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ۋە تارىخ تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، مۇزېيدا ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، كەڭ زېمىندا ساقلىنىپ قالغان مىراسلار، قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلغان يېزىقلارنىڭ ھەممىسىنى جانلاندۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئۇزۇقىنى بېيىتىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىرنەچچە ئەۋلاد ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تارىخنىڭ ئوق سىزىقى ئۇزارتىلدى، تارىخنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى، تارىخنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى بېيىتىلدى، تارىخىي مەنزىرىلەرگە جان كىرگۈزۈلدى. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي تومۇرىنى نامايان قىلدى، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلدى، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ دۇنيا مەدەنىيلىكىگە قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسىنى نامايان قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيلىكلەر بىلەن بار ـ يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ ۋە ئۆرنەك ئېلىپ، دۇنياغا چوڭقۇر ئىدىيە سىستېمىسى، مول پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەنئەت نەتىجىلىرى، ئۆزگىچە تۈزۈم ئىجادىيىتىنى تۆھپە قىلىپ قوشۇپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيلىك مۇساپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

شى جىنپىڭ ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تۆت نۇقتىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، داۋاملىق تۈردە نامەلۇم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەنبەسىنى ئېنىق بېرىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا يەنە نۇرغۇن نامەلۇم ساھەلەر بار، ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. «جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىياتى ئۈنىۋېرسال تەتقىقاتى»، «جۇڭگو ئارخېئولوگىيەسى» قاتارلىق مۇھىم، زور تۈرلەرنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئارخېئولوگىيە بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە سىياسەت ئېھتىياجىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى يىرىك پىلانى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بەزى مۇھىم، زور تارىخىي مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىنى قېزىش، رەتلەش، شەرھلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئارخېئولوگىيە ئىلمى ساھەسىدىكىلەر ئىقتىساد، قانۇن، سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئېكولوگىيە، پەن ـ تېخنىكا، تېبابەت قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقات خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە خارابىلىكلەرنى تەتقىق قىلىش، شەرھلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئېلىمىز مەدەنىيلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسىنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ئەتراپلىق نامايان قىلىپ، تارىخ ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئارخېئولوگىيەلىك خارابىلەر ۋە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى، جەزمەن ياخشى قوغداش، ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقى مۈلۈك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۆتكىگىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. تۆتىنچى، ئارخېئولوگىيە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ۋە پەن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ خەلقئارا ئارخېئولوگىيە ئىلمى ساھەسىدىكى تەسىر كۈچى، سۆز قىلىش ھوقۇقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئارخېئولوگىيە قوشۇنىنى پائال يېتىشتۈرۈپ، زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ ياشلارنى ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈش، ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىغا ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى بار بولۇش، ئىختىساسلىقلار تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنىدا، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ مىللەت روھى ۋە مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشى، ئۇزاقچە گۈللىنىپ خارابلاشماسلىقىدىكى مەدەنىيەت گېنى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مەنىۋى كۈچ، شۇڭا يېڭى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. تارىخنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى ۋە تارىخ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تارقىتىشنى كۈچەيتىپ، كەڭ كادىرلار، ئامما، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي تومۇرىنى تونۇشقا، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تونۇشقا، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىگە قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسىنى تونۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، مىللەتنىڭ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى ۋە تارىخ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتكە مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىگە قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسىنى ئېنىق سۆزلەپ، دۇنيانى جۇڭگو تارىخىنى چۈشىنىش، جۇڭخۇا مىللىتى روھىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى جۇڭگوغا بولغان بىلىش ۋە چۈشىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى خەلقئارا ئاممىۋى پىكىر مۇھىتى يارىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا مەسئۇلىيىتىمىز ئېغىر، زور دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇلارنى ئاسراپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردىن پائال قوللاپ، ئارخېئولوگىيە ئىشلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

# كېلەر يىللىق ھەم «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى تەتقىق قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ئاقسۇدا يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىيات ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى، تەتقىق قىلىندى، كېلەر يىللىق ھەم «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ پىلانلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان پايدىسىز تەسىرنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇردى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇلۇق ئورنىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئېنىقلىقى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ ئېنىقسىزلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلەپلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى» ھەم «يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى» قاتارلىقلارنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئوزۇقلۇق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزمەي ھازىرقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. يىراقنى كۆزلەپ، ئىلمىي پىلانلاپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەپ، تولۇپ تاشقان روھىي ھالەت بىلەن، پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن «يولداش ھەم قېرىنداش»تەك چوڭقۇر دوستلۇقنى شەرھلىدى، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. يۇقۇمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشى ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغانلىقىنى، پەقەت ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن قىيىن ئۆتكەلدىن ئورتاق ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگو تەرەپ ۋېيتنام تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش تاماملانغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى تەمىنلەشنى خالايدۇ. جۇڭگو ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ سىياسىيلاشتۇرۇش، نامىنى بۇلغاش، بەلگىلەشتۈرۈش سۇيىقەستىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ۋېيتنامنىڭ تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش، ئىككى دۆلەت ئىدېئولوگىيە، تەرەققىيات يولى، جەمئىيەت تۈزۈمى، قىممەت ئىدىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردە يۈكسەك بىردەكلىككە ئىگە، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. بۇ يىل جۇڭگو ـ ۋېيتنام دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقى، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىغا قەدەم قويدى. يۇقۇم ئەھۋالى ئاستىدا جۇڭگو بىلەن ۋېيتنامنىڭ ئىككى تەرەپلىك سودا قاتارلىق ھەمكارلىقىدا كۈچلۈك ئېشىش ھالىتى بارلىققا كېلىپ، جۇڭگو ـ ۋېيتنام مۇناسىۋىتىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلدى. دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىشى ئالدىدا، جۇڭگو ـ ۋېيتنام ئىككى تەرەپ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، ئىككى پارتىيەنىڭ يۇقىرى قاتلام سىياسىي يېتەكچىلىكى ۋە نەزەرىيە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك؛ كېيىنكى يۇقۇم دەۋرىدىكى ئىككى تەرەپلىك ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەمكارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» بىلەن «ئىككى كارىدور، بىر چەمبىرەك»نى ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك؛ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەلئارا دوستلۇق ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئىككى دۆلەت ياشلىرىنى مەڭگۈ جۇڭگو بىلەن ۋېيتنامنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈشىنىڭ ۋارىسى ۋە ئىزباسارى بولۇشقا تەربىيەلەش كېرەك؛ كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداش ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، دوستانە كېڭىشىش ئارقىلىق زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىپ، دۇنيا ۋە رايوننىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىش ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشنى قوللايدۇ، ۋېيتنامنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق قۇربىنىڭ يېتىشىچە مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ.

رۇەن فۇجۇڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 71 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوغا رەھبەرلىك قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن قالتىس نەتىجىلىرىنى يۈكسەك باھا بەردى. رۇەن فۇجۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ۋېيتنام ـ جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ۋېيتنام تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يۈكسەك قەدىرلەيدۇ ھەم قەتئىي قوغدايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ۋېيتنامنىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ھەرقايسى باسقۇچلاردا ۋېيتنام تەرەپنى قىممەتلىك قوللاش ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. ھازىر، دۇنيا ۋەزىيىتى تېز، مۇرەككەپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ۋېيتنام تەرەپ كېلەر يىلىنىڭ بېشىدا ئېچىلىدىغان ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىككى پارتىيەنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە بولغان سىياسىي يېتەكچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، توغرا ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىدا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يەرلىك قاتلامدىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قوللاپ ھەم كۆپ تەرەپلىك رامكىسىدا ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، تىنچ، مۇقىم تەرەققىيات مۇھىتىنى ئورتاق قوغداپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ھەل قىلىپ، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە يېڭى تارىخىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**

دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچتە ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن بىر مەيدان كەسكىن سىناق. يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو ـ ئارگېنتىنا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. ئىككى دۆلەت جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولدى. جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنا تەرەپنى داۋاملىق قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، ئارگېنتىنا تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قەتئىي قوللاپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلىپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئارگېنتىنا تەرەپنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىنى قوللايدۇ، جۇڭگو ـ ئارگېنتىنا ھەمكارلىقىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنچى تولۇق. جۇڭگو سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ، ئارگېنتىنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى كەڭ بازار ۋە تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگو ـ ئارگېنتىنانىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىق ئاساسى ياخشى، ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، يوشۇرۇن كۈچى زور. جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنانىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇڭگو بازىرىغا كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ، ئارگېنتىنا تەرەپنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدۇ. ئىككى تەرەپ ھازىر بار بولغان مۇھىم، زور تۈرلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەمكارلىق يېڭى ساھەسىنى ئېچىپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن ئارگېنتىنانىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىنسانلار ئالاقە راۋاجلانغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتى بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، تەقدىرى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان. مەيلى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا بولسۇن ياكى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بولسۇن، بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك. جۇڭگو ـ ئارگېنتىنا ئوخشاشلا مۇھىم بولغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر. جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنا تەرەپ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە كۆپ تەرەپلىك مېخانىزم ئىچىدە ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئورتاق قوللاپ، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا سىستېما ۋە خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

فېرنەندىس جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەت بايرىمىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشىگە تەلەكداشلىق بىلدۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىم، سىزنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىڭىزگە ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىڭىزغا قايىل بولدۇم. ئارگېنتىنا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇش، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇشقا ئىگە، ئارگېنتىنا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بۇ مەسىلىلەردە ئالاقىلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئارگېنتىنانىڭ مۇھىم پۇرسىتى، ئارگېنتىنا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئارگېنتىنا دىپلوماتىيە سىياسىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى. ئارگېنتىنا تەرەپ ئارگېنتىنا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلىتىنىڭ سودا، مەبلەغ سېلىش، ئۇل ئەسلىھە، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق كەڭ ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئارگېنتىنانىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچ قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئارگېنتىنا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئارگېنتىنانىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللىغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.